«كۆك ئاي» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# ئەسكى توشقاندىن كىم قورقىدۇ



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

« كۆك ئاي» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى



# ئەسكى توشقاندىن كىم قورقىدۇ

ئاپتورى: ستېۋ سىمولمەن (ئەنگلىيە)
رەسىمىنى سىزغۇچى: سېن جۇليەن (ئەنگلىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكار تارقىتىلىشى

图书在版编目（CIP）数据

蓝月亮宝宝. 谁怕这只大坏兔 : 维吾尔文 / 新疆儿童文学研究会编 ; 龙喜汇动漫公司绘 ; 帕力达·买买提译. -- 乌鲁木齐 : 新疆美术摄影出版社 : 新疆电子音像出版社, 2015.12

ISBN 978-7-5469-7824-6

Ⅰ. ①蓝… Ⅱ. ①新… ②龙… ③帕… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第281498号

策　　划：于文胜
责任编辑：迪娜·迪里木拉提
责任校对：迪力夏提·买买提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　蓝月亮宝宝绘本丛书 —— 谁怕这只大坏兔（维吾尔文）
译　　者　帕力达·买买提
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　　张　2.5
版　　次　2015 年 12 月第 1 版
印　　次　2017 年 1 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7824-6
定　　价　16.00 元

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

چوڭ توشقان، ئىككىنچى توشقان، ئۈچىنچى توشقانلار ئايرىم ـ ئايرىم هالدا ئېتىزلىقتا بىرىپ سەۋزە يۇلۇپ كەلمەكچى بوپتۇ، ئەمما ئۇلار قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ، يەنە تېخى ئۆكتەم ئەسكى توشقاننىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپتۇ. بىراق، ئەڭ كىچىك كەنجى توشقان ئۈچ ئاكىسىنى ئېتىزغا باشلاپ بېرىپ، لىق بىر هارۋا سەۋزە يۇلۇپتۇ، لېكىن شۇ چاغدا ئەسكى توشقان يەنە پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەۋزىسىنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ...





ــ قورسقىم ئەجەب ئاچتى، ــ دەپتۇ ئۈچىنچى توشقان غودۇڭشىپ.

ــ مېنىڭمۇ قورسقىم بەك ئېچىپ كەتتى، ــ دەپتۇ ئىككىنچى توشقانمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ غودۇڭشىپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— مېنىڭ قورسقىم ئىنتايىن بەك ئېچىپ كەتتى، — دەپتۇ بويى ئېگىز چوڭ توشقان.

— بىر باشمۇ سەۋزە قالمىدى، ئېتىزغا بېرىپ ئازراق سەۋزە يۇلۇپ كەلمىسەك بولمىدى، — دەپتۇ جۇغى ھەممىدىن كىچىك كەنجى توشقان.

— مەن باراي! — ئوچىنچى توشقان شۇنداق دەپلا ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، ئېتىزلىق تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.



ئۇ ئېتىزلىقتا بېرىپ، بار كۆچى بىلەن
يوغان بىر باش سەۋزىنى يۇلۇپتۇ. ئۇ سەۋزىنى
خالتىغا سالاي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ھەم ئېگىز، ھەم
يوغان ئەسكى
توشقان ئۇنىڭ
ئالدىغا سەكرەپ
چىقىپتۇ.





ئۇ ئۈچىنچى توشقاننى بىر ئىتتىرىۋېتىپتىكەن، ئۈچىنچى توشقان يەردە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەسكى توشقان سەۋزىنى تارتىۋاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

— سەن بۇ سەۋزىنى ئەكەتسەڭ بولمايدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئەسكى توشقان ياۋۇزلۇق بىلەن.

— نېمشقا بولمايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇچۇنچى توشقان قورققىنىدىن پەس ئاۋازدا.

— چۈنكى سەن كالۋا، — دەپتۇ ئەسكى توشقان ۋارقىراپ تۇرۇپ، — باشقىلارغا سەۋزەڭنى تارتىۋالغىنىمنى دەيدىغان بولساڭ، سېنى دەسسەپ چەيلىۋېتىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىچارە ئۈچۈنچى توشقان قورۇق قول ئۆيگە قايتىپتۇ.

— بىرەر باش سەۋزىمۇ ئەكەلمەپسەنغۇ؟ — دەپتۇ ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا.

— چۈنكى مەن كالۋا تۇرسام، — دەپتۇ ئۈچۈنچى توشقان ئازابلانغان هالدا.

— ياق، سەن ئازراقمۇ كالۋا ئەمەس، كىم سېنى كالۋا دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توشقانلار.





كەنجى توشقان بېشىنى تۆۋەن
سېلىپ، ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب
بەرمەپتۇ.



— ئەنسىرىمەڭلار! — دەپتۇ ئىككىنچى
توشقان كۆپچىلىككە تەسەللى بېرىپ، —
مەن بېرىپ سەۋزە يۇلۇپ كېلەي.
ئۇ دىك ـ دىك سەكرىگىنىچە سەۋزە
يۇلغىلى مېڭىپتۇ.

ئىككىنچى توشقان ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئاخىر ھەم يېڭى، ھەم سۇلۇق ئىككى باش سەۋزە يۇلۇۋاپتۇ. ئەمما شۇ چاغدا ھېلىقى ئۆكتەم ئەسكى توشقان يەنە پەيدا بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەسكى توشقان بىچارە ئىككىنچى توشقاننى ئىتتىرىۋېتىپ، قوپاللىق بىلەن سەۋزىنى تارتىۋاپتۇ.

— سەن بۇ سەۋزىلەرنى ئەكەتسەڭ بولمايدۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئەسكى توشقان بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ ئىككىنچى توشقان ئورنىدىن تۇرغاچ.



— چۈنكى سەن ئىنتايىن سەت، بەتبەشىرە، باشقىلارغا سەۋزەڭنى تارتىۋالغىنىمنى دەيدىغان بولساڭ، سېنى دەسسەپ چەيلىۋېتىمەن، — دەپتۇ ئەسكى توشقان.





بىچارە ئىككىنچى توشقانمۇ ئۆيگە قۇرۇق قول قايتىپتۇ.

ــ سەنمۇ قۇرۇق قول قايتىپ كەپسەنغۇ؟ ــ دېيىشىپتۇ ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ھەيران بولغان ھالدا.

ــ چۈنكى مەن بەتبەشرە تۇرسام، ــ دەپتۇ ئىككىنچى توشقان قىزارغىنىچە پەس ئاۋازدا.

ــ ئۇنداق ئەمەس، سەن ئازراقمۇ سەت ئەمەس، كىم سېنى سەت دەيدۇ؟ ــ دەپ سورىشىپتۇ باشقا توشقانلار.

بىراق ئىككىنچى توشقانمۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

— ھېچقىسى يوق! — دەپتۇ بوبى ئېگىز چوڭ توشقان مەيدىسىگە مۇشتلىغىنىچە، — مەن بېرىپ سەۋزە يۇلۇپ كېلەي.

ئۇ تېيىلىش تاختىسىدا تېيىلغىنىچە سەۋزە يۇلغىلى يۈرۈپ كېتىپتۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چوك توشقان ئېتىزدا يېرىم كۈن
هەپىلىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۈچ باش
يېڭى، تەملىك سەۋزە يۇلۇپتۇ، بىراق
تۇيۇقسىز...



هېلىقى ئۆكتەم ئەسكى توشقان
يەنە پەيدا بوپتۇ.

— سەن بۇ سەۋزىلەرنى ئەكەتسەڭ
بولمايدۇ، — دەپتۇ ئەسكى توشقان
ۋارقىراپ تۇرۇپ.
— نېي، نېي... نېمىشقا؟ — دەپ
سوراپتۇ چوڭ توشقان كېكەچلىگىنىچە.
— چۈنكى سەن يولنىمۇ ئوڭشاپ
ماڭالمايدىغان پور كۆتەك! باشقىلارغا
سەۋزەڭنى تارتىۋالغىنىمنى دەيدىغان
بولساڭ، سېنى دەسسەپ چەيلىۋېتىمەن، —
دەپتۇ ئەسكى توشقان.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

بىچارە چوڭ توشقان سالپايغىنىچە قايتىپ كەپتۇ.

— سەنمۇ سەۋزە ئەكېلەلمەپسەنغۇ؟ — دەپتۇ جۇغى ھەممىدىن كىچىك سىڭلىسى كەنجى توشقان.

— چۈنكى مەن يولنىمۇ ئوڭشاپ ماڭالمايدىغان پور كۆتەك تۇرسام، — دەپتۇ ئىگىز توشقان پەس ئاۋازدا.

— ياق، سەن ئۇنداق ئەمەس، كىم سېنى شۇنداق دەيدۇ؟ — دەپتۇ كەنجى توشقان قايىل بولمىغان ھالدا.

لېكىن ئىگىز توشقانمۇ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنى خالىماپتۇ.





ــ بۇ نٸمدٸگەن بمەنلك؟ ــ دەپتۇ كٸچك توشقان ٴاچچقدا يەرنى تەپكنچە، ــ چوڭ ٴاكا، سەن سٸمز ٴەمەس، يول ماڭساڭمۇ مەزمۇت ماڭسەن. ٴىككنچى ٴاكا، سەن سەت ٴەمەس، يەنە سەنمۇ بار، ٴۇچنچى ٴاكا، سەن ٴازراقمۇ دۆت ٴەمەس.

سلەر ماڭا بۇ ٴەسكى گەپلەرنى كمنلڭ دٸگننى دەپ بٸرڭلار؟ ــ دەپتۇ كەنجى توشقان.

ــ ھٸلقى ٴۆكتەم ٴەسكى توشقان، ــ دەپتۇ چوڭ توشقان، ٴىككنچى توشقان ۋە ٴۇچنچى توشقان تەڭلا.

بۇ قېتىم جۇغى ئەڭ كىچىك كەنجى توشقان كۆپچىلىكنى باشلاپ، ئېتىزلىقتا سەۋزە يۇلغىلى بېرىپتۇ. چوڭ توشقان، ئىككىنچى توشقان، ئۈچىنچى توشقانلار ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ، ئۇلار بىر تەرەپتىن قوللىرى قولاشمىغان ھالدا سەۋزە يۇلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسكى توشقاننىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار سەۋزىلەرنى يۇلۇپ بوپتۇ...



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى



ئۇلار لىپمۇلىق بىر
هارۋا سەۋزە يۇلۇپتۇ.

تويۇقسىز...

— چۈنكى سەن ھەم دۆت، ھەم سەت، ھەم سېمىز، يولنىمۇ ئۆگىنىپ ماڭالمايدىغان شۈمتەك، — دەپتۇ ئۆكتەم ئەسكى توشقان ۋارقىراپ.



ھېلىقى ئۆكتەم ئەسكى توشقان يەنە پەيدا بوپتۇ.

— بۇ سەۋزىلەرنى ئەكەتسەڭلار بولمايدۇ، — دەپتۇ ئۇ توشقانلارغا ۋارقىراپ.



— نېمىشقا بولمايدۇ، — دەپ سوراپتۇ كەنجى توشقان قەيسەرلىك بىلەن ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ تۇرۇپ.





www.uyghurkitap.com



— ئۇ مەن ئەمەس، دەل سەن، — دەپتۇ كەنجى توشقان ئەسكى توشقانغا قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ.

— ياق... ياق... مەن ئۇنداق ئەمەس! — دەپتۇ ئەسكى توشقان ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ، — ئاۋۇ سەۋزىلەرنى دەرھال ماڭا بېرىڭلار... تېز بولۇڭلار!



چوڭ توشقان، ئىككىنچى توشقان، ئۈچىنچى توشقانلار غەيرەتكە كېلىپ، كەنجى توشقانغا ئەگىشىپ:

— بەرمەيمىز! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەسكى توشقان تېخىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ ـ دە، «پوككىدە» كەينىگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— بىراق قورسىقىم بەكلا ئېچىپ كەتكەن، — دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ ئەسكى توشقان ئويلىمىغان يەردىن.

ئۇ ئالدىدىكى ئاكا ـ سىڭىل توشقانلارغا قاراپ، ئۆزىنىڭ ئۇنچە يوغان ھەم سۆرلۈك ئەمەسلىكىنى ھېس قىپتۇ.



— ماڭا ئازراق سەۋزە بەرسەڭلار، — دەپتۇ ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي!



توشقانچاقلار ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بوپتۇ...



ئۇلار لىق بىر ھارۋا سەۋزىنى
ئەسكى توشقاننىڭ ئۈستىگە تۆكۈۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەسكى توشقان شۇنىڭدىن باشلاپ
ئۆكتەملىك قىلمايدىغان بوپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆美术摄影出版社2013年5月第1版，2014年6月第5次印刷版本翻译出版。

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پىلانلىغۇچى: يۈ ۋېنشېڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىنا دىلمۇرات
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلشات مەمەت

قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: لىيۇ ۋېيىۋ

**«كۆك ئاي» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى**

## ئەسكى توشقاندىن كىم قورقىدۇ

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
باسقۇچى: بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2017 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 5469 – 7824 – 6
باھاسى: 16.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ISBN 978-7-5469-7824-6
9 787546 978246
定价：16.00元